# سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىندىن بۇيان، ئالاقىدار تارماقلار تەييارلىق قىلدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار بىلەن سىردىشىپ، سۆزلىشىپ، باش تېمىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، سۆز قىلىش ماتېرىيالى يازدى. يىغىندا «2020 - يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» ۋە «شەكىلۋازلىق مەسىلىسىنى سېجىل ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» قاراپ چىقىلدى. ئارقىدىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار بىرمۇبىر سۆز قىلىپ، تەلەپ بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلارنىڭ سۆزىدە، بەش مۇھىم نۇقتا ئىگىلەندى ۋە گەۋدىلەندى. بىرىنچى، باشلامچىلىق بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئىككىنچى، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەش. ئۈچىنچى، باشلامچىلىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش. تۆتىنچى، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «14 - بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانىغا ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانغا سېلىشتۇرۇپ، ئىلمىي پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش. بەشىنچى، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ سۆز - ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلىپ ۋە تۈزىتىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىلدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تەمكىن تاقابىل تۇرۇپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تاشقى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىدە ئالدى بىلەن مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى قەرەلىدە تاماملاندى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى. «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، مۇھىم، زور خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان سىياسىي ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇردى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىدىكى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز تارقالدى، كەلكۈن - ھۆلچىلىك ئاپىتى كۆپ جايلاردا يۈز بەردى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، تاشقى مۇھىت خەۋپ - خەتەرگە تولدى، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، جەمئىيەت، خەلقئارا، تەبىئەت قاتارلىق ساھەلەردە خىرىسلار كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى. غايەت زور ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىغان خەتەرلىك پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىيىنچىلىققا قارشى ئىلگىرىلەش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە يېتەكلەپ، بۇ ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە يىلدا ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار مۇنداق قارىدى: ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، مۇھىم، زور تارىخىي پەيتتە، مۇھىم، زور سىناق ئالدىدا، رەھبەرلىك كۈچى ئەڭ ئاچقۇچلۇق شەرت، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسىلىق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشەنچ قىلىدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئەمەلىيەت خاراكتېرلىك، دەۋر خاراكتېرلىك، ئىجادىيەت خاراكتېرلىك روشەن بەلگىلەرگە ئىگە، ئۇ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن نەزەرىيە جەۋھىرى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىلمىي كۆرسەتمە. پۈتۈن پارتىيە بۇ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار جەزمەن ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە پۈتۈن پارتىيەگە ئۈلگە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز چۈشىنىپ، نەزەرىيە ساپاسى، سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى دۇنيانى تونۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى كۈچلۈك مەنىۋى قورالغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2012 - يىلى 12 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا «18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغاندىن بۇيان، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىز ئىلگىرى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، دەپ قارالغان بەزى ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىياتنى توسۇپ قالدۇق، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلىنمىغان بەزى جاھىل كېسەللەرنى تۈگەتتۇق، پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق گەۋدىلىك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى كۈچەپ يېنىكلىتىپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نىشانلىق داۋالاپ، بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، «تۆت خاھىش» مەسىلىسىنىڭ يىلتىزى تېخى قومۇرۇپ تاشلانمىدى، تۇپرىقى يەنىلا مەۋجۇت، ئەگەر ئاتتىن ئايرىلمايدىغان، چۇلۋۇرنى قويۇپ بەرمەيدىغان ئىرادە، قايتا - قايتا تۇتۇش، قايتىلىنىشنى تۇتۇش چىداملىقلىقى، مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىشىمىز، تاكامۇللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار داۋاملىق تىرىشىپ، پۈتۈن پارتىيەگە ياخشى باشلامچى بولۇشى، ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: كېلەر يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان تۇنجى يىل، شۇنداقلا پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بارلىق خىزمەتلەرنى ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «14 - بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق نىشانىغا ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانغا سېلىشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چىڭ كۆزلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئۇقۇمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىلمىي پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى ھەرقايسى يولداشلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش سۆزىگە باھا بېرىپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ قېتىمقى يىغىننى خۇلاسىلىدى ھەم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ «بەلگىلىمە»، «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، كۆپچىلىك ھاسىلاتلىرىنى سۆزلەپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاشقا زور ياردىمى بار، دەپ قارىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز پات ئارىدا 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈننى كۈتۈۋالىدۇ. پارتىيە قۇرۇلغان مىسلىسىز كاتتا ئىشتىن تارتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشكىچە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ جاھاننى زىل - زىلىگە سېلىشىغىچە، يەنە پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشىگە پارتىيەمىزنىڭ باشتىن - ئاخىر جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى چىڭ ساقلىغانلىقى تۈپ سەۋەب بولدى. پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، جەزمەن سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرگە سىياسىي جەھەتتىن قاراشقا ماھىر بولۇپ، سىياسىي چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ھەم ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا پارتىيەمىز ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىي ئەۋزەللىك. پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەمىزنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار كوردىناتنى توغرا تېپىپ، يۆنىلىشنى توغرا تاللاپ، نىشان مەركىزىنى نىشانلاپ، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىنى تاشقى تەلەپتىن ئىچكى تەشەببۇسكارلىققا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە، جەزمەن سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تارىخىي مۇساپىسى مۇنداق بىر قائىدىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى: سىياسىي جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئەڭ پايدىلىق تەشەببۇسكارلىق، سىياسىي جەھەتتىكى پاسسىپلىق ئەڭ خەتەرلىك پاسسىپلىق. سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ، خەلقنى مۇھىم بىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلمىي ئىگىلەش، ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش، ھەرىكەتتىكى ھەق - ناھەقنى سەگەكلىك بىلەن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە چېتىلىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئۇزاق مەزگىللىك مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە تەتقىق قىلىش، پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا كاللا ئالاھىدە سەگەك بولۇش، كۆز ئالاھىدە روشەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادەتتىكى ئىشلاردىن سىياسىي مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، خاھىش خاراكتېرلىك، بىخ خاراكتېرلىك مەسىلىلەردىن سىياسىي مۇددىئانى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، چىگىش، مۇرەككەپ زىددىيەت مۇناسىۋەتتىن سىياسىي لوگىكىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، سىياسىي مەيداندىن تەۋرەنمەسلىك، سىياسىي يۆنىلىشتىن ئېغىپ كەتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە جەزمەن سىياسىي جەھەتتە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زىممىسىگە ئالغىنى سىياسىي مەسئۇلىيەت، جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى روھى ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەشكىللىگۈچى ۋە تۈرتكە بولغۇچىلار، ئۇلار سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ «چوڭ ئىشلىرى»نى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە جەزمەن سىياسىي ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار دائىم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى روھىغا توغرىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنئى قىلغاننى قەتئىي قىلماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق، ئېغىپ كەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى روھىنىڭ ئىزچىللىشىشىنى، ئەمەلىيلىشىشىنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇشى كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇش، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنى خىزمەتلەرنىڭ باش - ئاخىرىغا سىڭدۈرۈپ، بىخ ھالىتىدىلا ئىشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ، دادىللىق بىلەن مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، مەسىلىلەرنى يوشۇرماسلىقى، مەسىلە كۆرۈلسە مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە جەزمەن قاتتىق تەلەپچان بولۇش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار جەزمەن ئۆزىنى تەربىيەلەپ تەلەپچان بولۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈشى، يالغۇز تۇرغاندا، باشلىنىشىدا، كىچىك ئىشلاردا، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، زەررىچە چاڭ - توزاننى ئۆزىگە قوندۇرمايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئائىلىسىنى باشلامچىلىق بىلەن پاك باشقۇرۇشى، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشقا باشلامچىلىق بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېلەر يىلىدىن باشلاپ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مەركەزلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇشى كەينى - كەينىدىن باشلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى ياخشى پىلانلاپ، ياخشى تەشكىللەپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئىنتىزامىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىش، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە كادىرلار ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان ئىدىيەۋى تەربىيەنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، رەھبىرىي كادىرلارنى شەخس بىلەن تەشكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا نۇرغۇن ئىنتايىن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەركەزنىڭ خىزمىتىگە چېتىلىدۇ، بەزىلىرى تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە چېتىلىدۇ، بەزىلىرى يەرلىكنىڭ خىزمىتىگە چېتىلىدۇ، يىغىندىن كېيىن چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ، تەدبىر تۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش، جەزمەن ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايون دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايون دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، 2021 - يىلى چاغاندىن بۇرۇن دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك مائاشنى بېرىش كاپالەت تۈزۈمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنى ھازىرقى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى، پۇختا، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش روھى بىلەن، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى ئىشلەپ، «ئىككىنى نۆللەشتۈرۈش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مائاشنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىش پەسلىلىك مەخسۇس ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، مائاشنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇش قىلمىشلىرىنى تۈرگە ئايرىپ تېز تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛ بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «يېشىل يول» ئېچىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشقا چېتىلىدىغان تالاش - تارتىش دېلولىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىش؛ ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلغان تۈرلۈك دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش؛ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا، تولۇق سوممىسى بىلەن ئېلىپ، ئۆيىگە خاتىرجەم قايتىپ چاغان ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.